# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
24
دۈشەنبە
维吾尔文 2 月24日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24981 - سان  بۈگۈن 2 بەت


### شى جىنپىڭ جاۋاب خەت يېزىپ شۇۋگاڭ دوختۇرخانىسىدا پىراكتىكا قىلىۋاتقان شىزاڭ داشۆ تېببىي شۆبىۋەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى

# خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىپ، مېھرىبان قەلبىڭلار ۋە تېخنىكاڭلار ئارقىلىق خەلققە، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا بەخت يارىتىڭلار

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** زاڭزۇ كالېندارى بويىچە يېڭى يىل يېتىپ كەلگەن پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### جاۋاب خەت

**شىزاڭ داشۆ تېببىي شۆبىۋەنىنىڭ 2015 - يىللىق كلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپىدىكى ساۋاقداشلار:**

ياخشىمۇ سىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم، سىلەر 17 ساۋاقداشنىڭ بېيجىڭدا كلىنىكا پىراكتىكىسى قىلىۋاتقان مەزگىلدە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# قىلچە بوشاشماي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

### لى كېچياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى  لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭخۇا مىللىتى تارىختا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، لېكىن ئەزەلدىن باش ئەگمەي، بەلكى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغانسېرى شۇنچە قەيسەر بولۇپ، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە غەيرەتكە كەلگەن. ھازىر يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، داۋاملىق قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى كېرەك. بىسمىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، خېيىم - خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىدىن، بولۇپمۇ خۇبېي ۋە ۋۇخەندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئاممىدىن سەممىي ھال سورىدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كوماندىر - جەڭچىلىرى، ھەرقايسى سەپلەردىكى يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى، دۆلىتىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھەر جەھەتتىن قوللىغان دۆلەتلەر، خەلقئارا تەشكىلاتلار، دوست ئەربابلارغا سەممىي رەھمەت ئېيتتى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بەختكە قارشى تالاپەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلار، قۇربان بولغان تېببىي خادىملارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، كېسەل ئالۋاستىسى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئاغرىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىي ھال سورىدى.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، لى جەنشۇ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، جاۋ لېجى، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تېزدىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھ-



2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

بەرلىكنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىر يۈرگۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، ئۇنىۋېرسال تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بويىچە ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشنى گەۋدىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، ۋۇخەن ۋە خۇبېينى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانى قىلىپ، ۋۇخەن ۋە خۇبېينىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشىغا بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، باشقا رايونلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيا ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن جىددىي تە-

منلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداپ، تەشۋىقات - تەربىيە ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قوللىشىنى پائال قولغا كەلتۈردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەيدان كەسكىن كۈرەشتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشتى، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى كوماندىر - جەڭچىلىرى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدى، كەڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىلىرى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتچى خادىملىرى، مەھەللە خىزمەتچى خادىملىرى قاتارلىقلار ئىش ئورنىنى چىڭ ساقلاپ، كېچە - كۈندۈز نۆۋەتچىلىك قىلدى، كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى خەۋپ - خەتەردىن قورقماي، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكتى، كەڭ پىدائىيلار قاتارلىقلار سەممىي ئۆزىنى بېغىشلىدى، ھېرىپ - چارچاشتىن باش تارتمىدى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ھەمدە ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىقلار مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئالدى، جەمئىيەتتىكى ھەرساھە ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، چەت ئەلدىكى چياۋمىن قېرىنداشلار بەس - بەستە پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن تارقىلىش سۈرئىتى ئەڭ تېز، يۇقۇملىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ئاممىۋى ساھىيە ۋەقەسى. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ، بىر قېتىملىق كرىزىس، شۇنداقلا بىر قېتىملىق چوڭ سىناق. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىدە ئاكتىپ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى كېڭىيىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى توغرا بولدى، تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋاقتىدا بولدى، قوللانغان تەدبىرلىرى كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك بولدى. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە - ئۈنۈملەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نەتىجىلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پسىخىكىسى، بوشىشىپ قېلىش روھىي ھالىتىدىن يۈكسەك ھوشيار بولۇپ، داۋاملىق قىلچە بوشاشماي تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە ئاسانلىقچە مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق دەپ قارىماسلىقى كېرەك. شى جىنپىڭ يەنە تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، خۇبېينى قوغداش جېڭى، ۋۇخەننى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. شەھەر، يېزا،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

### چېن چۈەنگو سۆز قىلدى  شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلەپ، يۇقۇم ۋەزىيىتى ۋە تەسىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشىمىزنى كۈچلۈك يېتەكچىلىك ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تۈردە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

بىرىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى، ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە ئاكتىپ ياخشىلىنىش ۋەزىيىتى كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمنى توغرا ئىگىلەپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىش ئاساسىي تەرەپپىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى، يۇقۇم زەربىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئىكەنلىكى، ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىگىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھۆكۈمنى توغرا ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشەنچنى، ئىرادىنى چىڭىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ، خىزمەت غەيرىتىنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، رايونغا ئايرىپ تەدبىر قوللىنىپ، ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش، ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يەنە ئۈچ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققانلار جەمئىي 28گە يەتتى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان يەنە ئۈچ ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۈچىلىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاغرىق مىسالى.

بۇ ئۈچ ئاغرىق دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى تېببىي خادىملارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلەشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنى ئايرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئەڭ يېڭى ئۆلچىمىگە يەتتى دەپ قارالدى.

ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالى جەمئىي 28گە يەتتى، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ ئايرىپ داۋالىنىۋاتقانلاردىن 46سى بار.